# ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاش   جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ شانلىق سەھىپە يېزىش

(بېشى 1 - بەتتە)

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش نىزامى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كىلىمات بايلىقىنى قوغداش ۋە ئېچىش، پايدىلىنىش نىزامى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەرزىيەت نىزامى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ گېئولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش نىزامى» قاتارلىق ئاپتونوم رايونىنىڭ يەرلىك نىزاملىرىنى تۈزدى، بۇلار، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش، ئىقتىسادنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش قاتارلىق مۇھىم ساھەلەرگە چېتىلغان بولۇپ، دۆلەتنىڭ قانۇن سىستېمىسى بىلەن يۇرۇشلەشتى، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا ئۇيغۇنلاشتى، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشى بىلەن جىپسىلاشتى.

—— تۈنجى قېتىم ئاساسىي قاتلام نىزام چىقىرىش ئالاقە نۇقتىسى تەسىس قىلدى. تۈنجى تۈركۈمدە تەسىس قىلىنغان توققۇز ئاساسىي قاتلام نىزام چىقىرىش ئالاقە نۇقتىسى ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنى نىزام چىقىرىش خىزمىتىگە تەرتىپلىك قاتنىشىشقا تەشكىللىدى ھەم ئاساسىي قاتلامنىڭ نىزام چىقىرىشقا ئائىت پىكىر - تەكلىپلىرىنى نىزام چىقىرىش ئورگىنىغا ئىنكاس قىلىپ، يەرلىك نىزام چىقىرىش خىزمىتىدە خەلق ئاممىسىنىڭ نىزام چىقىرىش ئارزۇسىنى تېخىمۇ ياخشى گەۋدىلەندۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى، يەرلىك نىزام چىقىرىش ئاممىغا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، نىزام چىقىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە پۇختا ئاساس سالدى.

—— تۈنجى قېتىم نىزام چىقىرىشتا مەسلىھەت بېرىش مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلدى. دائىمىي كومىتېت بىر قەدەر كۈچلۈك نەزەرىيەۋى ساپاغا ئىگە، ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىسى مول 20 نەپەر نىزام چىقىرىشقا مەسلىھەت بېرىش مۇتەخەسسىسىنى تۈنجى قېتىم نىزام چىقىرىش پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى، ئۇلار نۇرغۇن قىممەتلىك پىكىر - تەكلىپلەرنى بېرىپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ يەرلىك نىزام چىقىرىش خىزمىتىگە ئەقىل - پاراسىتى ۋە كۈچىنى تەقدىم قىلدى.

بىر يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى رايون تەسىس قىلىنغان شەھەر، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيەلەرنىڭ نىزام چىقىرىش خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ كۆكەرتىشنى باشقۇرۇش نىزامى» «قومۇل شەھىرىنىڭ مەدەنىي ھەرىكەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش نىزامى» «تۇرپان شەھىرىنىڭ قۇرۇق ئۈزۈم سۈپىتىنى باشقۇرۇش نىزامى» قاتارلىق 20 يەرلىك نىزام ۋە يەككە نىزامنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى.

جەمئىيەت ئىدارە قىلىش، ئاممىۋى سەھىيە يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق ئالاقىدار بەش قانۇن - نىزامنى تاللاپ، مۇتەخەسسىسلەرنى نىزام چىقىرىلغاندىن كېيىنكى باھالاشقا تەشكىللىدى؛ يېمەكلىك، دورا بىخەتەرلىكى ساھەسى، ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش ساھەسى ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش جەھەتتىكى يەرلىك نىزاملارنى ئېنىقلاش خىزمىتىنى تاماملىدى... مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە، ماختاشقا ئەرزىيدىغان بۇ نىزام چىقىرىش تەدبىرلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە، بىر يىلدىن بۇيان نىزام چىقىرىش قەدىمى مەزمۇت، كۈچلۈك بولدى.

### دەل جايىدا كۈچەش نازارەت قىلىش ئەمەلىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇش

شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم، زور مەسىلىلەر، خەلق ئاممىسى ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان خەلق تۇرمۇشى مەسىلىلىرىنى چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىش، ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن يىلدا «بىر ھۆكۈمەت، بىر كومىتېت، ئىككى مەھكىمە»نىڭ 19 تۈرلۈك خىزمەت دوكلاتىنى، سەككىز تۈرلۈك قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى، ئۈچ قېتىم مەخسۇس تېمىدا سوئال سوراشنى قانات يايدۇردى، 16 تۈرلۈك مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، نازارەت قىلىش تېخىمۇ كۈچلۈك بولدى، تېخىمۇ ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

«مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ياۋايى ھايۋانلار قانۇنسىز سودىسىنى ئومۇميۈزلۈك چەكلەش، ياۋايى ھايۋانلارنى خالىغانچە يېيىشتەك ناچار ئادەتلەرنى تۈگىتىش، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، ساغلاملىق بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدىكى قارارى» ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنىغا دائىر ئىككى قېتىملىق قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان، خىزمەتنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەيدىغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تېپىپ چىقتى ھەم ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ خىزمەتلەرنى ياخشىلاش ۋە قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش، مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىر - تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا ئېھتىياجلىق ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، تۈرلۈك مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلە جەھەتتىن يۆلەش سىياسىتى ۋە «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تەرتىپلىك تۈرتكە بولۇش قاتارلىق خىزمەتلەرگە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتتى، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، جەمئىيەت مۇقىملىقى قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، نازارەت قىلىش ئارقىلىق يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولدى.

خەلقنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىپ، ئىنكاسىغا جاۋاب قايتۇردى. 2020 - يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە ئىنكاس قايتۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئاساسىي رەڭگىنى روشەنلەشتۈرۈپ، خەلق ئاممىسى «ئالدىراۋاتقان، قىينىلىۋاتقان، ئەنسىرەۋاتقان، تەقەززا بولۇۋاتقان» مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاممىۋى بىخەتەرلىك بويىچە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش - باشقۇرۇش، ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن باللار مائارىپى، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ دەۋا مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇلۇشى توغرىسىدا مەخسۇس تېمىدا سوئال سوراشنى قانات يايدۇرۇپ، ھەم ساقلانغان مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ بەردى، ھەم سەۋەبىنى تەھلىل قىلىپ، خىزمەت تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ يۈرەك ساداسىنى سوراپ بىلدى، مەسىلىنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى سوراپ بىلدى.

2020 - يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى نازارەت قىلىش خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، تۈنجى قېتىم نازارەت قىلىش خىزمىتى توغرىسىدا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى بىلەن بىرلەشمە كۆزدىن كەچۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، تۈنجى قېتىم ئۇدا ئىككى يىل ئوخشاش بىر مەخسۇس تېمىدا سوئال سوراپ، تۈنجى قېتىم مەسىلە مەركەزلەشكەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىغا سىجىل نازارەت قىلىش، ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىشنى ھاۋالە قىلىپ، تۈنجى قېتىم ئەدلىيە خىزمىتى توغرىسىدا مەخسۇس تېمىدا سوئال سوراشنى قانات يايدۇرۇپ، تۈنجى قېتىم سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئەھۋالى ۋە مەخسۇس دوكلاتتىن رازى بولۇش دەرىجىسىنى باھالاپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەت قىلىش خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى، تېخىمۇ ئەمەلىي ئۈنۈملۈك قىلدى، تېخىمۇ نوپۇزغا ئىگە قىلدى.

### ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋەكىللەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ۋەكىللەرنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنىغا ھۆرمەت قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىگە پائال مۇلازىمەت قىلىش، خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشقا يېتەكلىدى.

تەكلىپ - تەۋسىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ مۇھىم بولغان قانۇن بويىچە ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش شەكلى. بىر يىلدىن بۇيان، ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ - تەۋسىيەلەر ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەرگە چېتىلدى. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى ھەيئەت رىياسىتى قاراپ چىقىشقا تاپشۇرغان 11 پارچە ۋەكىللەر تەكلىپىنىڭ ھەممىسى بېجىرىلىپ تاماملاندى، چوڭ يىغىندا بېرىلگەن 415 پارچە تەۋسىيە ۋە يىغىن يېپىق مەزگىلدە ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان ئالتە پارچە تەۋسىيەنىڭ ھەممىسى بېجىرىلىپ تاماملاندى، تەۋسىيەدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەردىن ھەل قىلىنغان ياكى تەدرىجىي ھەل قىلىش پىلانلانغانلىرى تەۋسىيە ئومۇمىي سانىنىڭ 80.72%نى ئىگىلىدى.

بىر يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىپ، خەلق ئاممىسى ئارىسىدا چوڭقۇر «يىلتىز» تارتتى، ئۇلار ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى چىقارغان «پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇپ مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىش، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ يۇقۇمغا قارشى جەڭ قىلىش —— پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە يېزىلغان بىر پارچە خەت»كە پائال ئاۋاز قوشۇپ، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە ئاتلىنىپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ بۇرچى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا كۈچ قوشتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانات يايدۇرغان «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتا خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ھەرىكەتتە» باش تېما پائالىيىتىگە پائال قاتنىشىپ، شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە ياردەم بەردى ھەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي تەكلىپ بەردى، ئەمەلىي تەدبىر كۆرسەتتى، ياخشى چارە كۆرسەتتى.

2020 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئىقتىدارى مۇكەممەل، باشقۇرۇشى قېلىپلاشقان، شەھەر، يېزىلارنى قاپلىغان، ئاممىغا يېقىن بولغان ۋەكىللەر ئائىلىسى، ۋەكىللەر ئىشخانىسى ۋە ۋەكىللەر ئالاقىلىشىش پونكىتىدىن 5923نى قۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇردى.

بازغانچىنىڭ بىلى چىڭ بولۇشى شەرت. بىر يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى سىياسىي ئورگانلىق ئورنىنى مەھكەم ئىگىلەپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى بىلەن چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشى، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشىنى ئىشقا ئاشۇردى. دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت مېخانىزمىنى ياخشىلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ماسلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىش داۋامىدا خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. كادىرلارنىڭ ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى نامايان قىلىپ، ئۆز قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمى ئارقىلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى.

يول ئۇزۇن، كۈرەش داۋاملىشىدۇ. 2021 - يىلى پارتىيەمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى، شۇنداقلا «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى يولغا قويۇش، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاشنىڭ تۈنجى يىلى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، قەتئىي بەل قويۇۋەتمەي، پۇختا، ئەستايىدىل ھالدا غەيرەت قىلىپ ئىشلەپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ كۈچىنى تەقدىم قىلىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۇزاقتىن بۇيان، پومپېئودىن ئىبارەت بۇ «تارىختىكى ئەڭ ناچار دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى» «يالغان سۆزلەش، ئالدامچىلىق قىلىش، ئوغرىلىق قىلىش»نى شەرەپ بىلىپ، توختىماستىن سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ سېسىق پۇرىقىغا تولغان «قاۋاش»لىرى ئارقىلىق، شىنجاڭغا ھە دەپ ھۇجۇم قىلىپ، قارا چاپلاپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تىرىشچانلىقىنى بۇرمىلاش، قارا چاپلاشقا، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە قەستەن بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش قەدىمىگە توسقۇنلۇق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى.

تارىخ ۋە ئەمەلىيەت شۇنى بىلدۈردۇكى، شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى بولۇپ، پومپېئونىڭ بىلجىرلىغىنىدەك كىشىلىك ھوقۇق، مىللەت، دىن مەسىلىسى ئەمەس، ئۈچ خىل كۈچ شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە ئىنتايىن زور خەۋپ يەتكۈزدى، ئۆزلۈكسىز يۈزبەرگەن زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلولىرى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ئىنتايىن ئېغىر تەسىر كۆرسەتتى. بولۇپمۇ بىر قىسىم ئاما دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، خىزمەتتىن، ئوقۇشتىن ۋاز كەچتى، تۇرمۇشتا ناخشا ئېيتمايدىغان، ئۇسسۇل ئوينىمايدىغان بولدى، چۈمبەل تارتتۇۋالدىغان، ساقال قويۇۋالدىغان بولدى، كۈنلىرى كۈندىن - كۈنگە ناچارلاشتى، ھەتتا زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ قۇربانىغا ئايلاندى، ھەر قېتىم مۇشۇلارنى ئويلىسام يۈرىكىمنى پىچاق تىلغاندەك بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى مۇقىم بولدى، ئۇدا تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈزبەرمىدى، ئىقتىساد، جەمئىيەت گۈللەندى، راۋاجلاندى، ھەر مىللەت خەلق خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال - خۇرام ئىشلەۋاتىدۇ، مەن ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇشىدا يۈزبەرگەن ھەقىقىي ئۆزگىرىشلەردىن تولىمۇ مەمنۇنلۇق ھېس قىلىمەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىز قانۇن بويىچە تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ پەيدا بولۇش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى ئەڭ زور چەكتە يوقاتتۇق، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلدۇق.

بىز ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تۈرلۈك سىياسەتلەرنى پائال تاكامۇللاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش، تېخنىكا ماھارىتى بويىچە تەربىيەلەشنى ھەقسىز قانات يايدۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۇچۇر سۇپىسىنى پائال قۇرۇش، ياخشى ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇھىتى يارىتىش ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىنىڭ رازى بولغۇدەك خىزمەت تېپىشى، مۇقىم كىرىمگە ئېرىشىشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردۇق.

سەھىيە، تېببىي داۋالاش ۋە مائارىپ سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى سان جەھەتتە ئېشىش بىلەن بىللە، ئاھالىلەرنىڭ ساپاسىمۇ زور دەرىجىدە ئۆستى.

پارتىيەنىڭ دىن سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، دىن ئەختىساسلىقلىرىنى پائال يېتىشتۈرۈش، دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنى توسۇش ئارقىلىق، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي ھېسسىياتى، ئېتىقاد ئېھتىياجىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىندى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش ئارقىلىق، شىنجاڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردى، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، ئاھالىلەرنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم يىلدىن - يىلغا ئاشتى.

ئاممىغا ئەمەلىي نەپ ئېلىپ كەلگەن، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى ھەقىقىي ياخشىلىغان مانا مۇشۇ تەدبىرلەرگە پومپېئو تەپ تارتماستىن كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلغانلىق دەپ بوھتان چاپلىدى، ئەگەر خەلق تۇرمۇشى بەخت - سائادىتى مەۋقە قىلىنغان بۇ تەدبىرلەرگە مۇشۇنداق باھا بېرىشكە بولسا، ئۇنداقتا پومپېئونىڭ «شەرقىي تۈركىستان» زوراۋانلىق، تېررورلۇق كۈچلىرىگە يول قويۇپ مەدەت بېرىش، ئىرقىي كەمسىتىشنىڭ يامراپ كېتىشىنى مەيلىگە قويۇۋېتىش، گۋانتانامو قاتارلىق جايلاردىكى تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرىنى قانات ئاستىغا ئېلىش، يۇقۇم ئالدىدا «مەسئۇلىيەتنى دۆڭگەش»نىلا بىلىش، خەلقئارا تەرتىپكە خالىغانچە بۇزغۇنچىلىق قىلىش قىلمىشلىرىغا قانداق باھا بېرىش كېرەك؟

شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىم بولغان، ئىقتىساد گۈللەنگەن، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيىتى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولۇپ تۇرۇپتۇ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولۇپ تۇرۇپتۇ، مەيلى پومپېئونىڭ «دائىم يالغان سۆزلىشى» ياكى «ئاخىرقى كۈندىكى غالجىرلىق»ى بولسۇن، ھەممىسى شىنجاڭنىڭ ئىناق، مۇقىم بولغانلىقىدەك پاكىتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىش قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)